شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
5
يەكشەنبە
维吾尔文 1 月5日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24931 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

كەڭ كۆلەمدە قوغداش چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار قوشۇن بەرپا قىلىندى

—— چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغان تۆت يىلدا

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**

«ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئورۇنغا قويۇپ، كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك». 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ چۇڭچىڭدا چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسى تەرەققىيات يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى سەھىپە يېزىش خەلق ئۈچۈن ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ نەتىجىنى نامايان قىلىش

—— 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

□ **مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن**

2019 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى. بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا يۈكلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئومۇميۈزلۈك زىممىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئىدارە قىلىشقا ماھىر بولۇش كۆزلەندى يەرلىك نىزام چىقىرىش ئىلمىي، دېموكراتىك بولدى

دائىمىي كومىتېت يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىلمىي نىزام چىقىرىش، دېموكراتىك نىزام چىقىرىش، قانۇن بويىچە نىزام چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتنىشىدىغان نىزام چىقىرىش خىزمەت ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىم ساھەلەردە نىزام چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ بەش نىزامنى تۈزۈپ ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، 22 يەرلىك نىزامنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق تىرەككە ئىگە قىلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جىددىي غەلىبە قىلىشنى چۆرىدەپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تىجارەت دائىرىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەشغۇلات مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئامما بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى ——

ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىپ، داۋاملىق غەيرەت قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز

دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سۆزلىگەن 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، كىشىلەر قەلبىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، روھىمىزنى چەكسىز ئۇرغۇتتى. يېڭى بىر يىلدا، ئۇلۇغ كۈرەش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىپ، دەۋرگە يۈز كېلىپ، داۋاملىق غەيرەت قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.

پۇختا، ئەستايىدىل بولۇپ ھەر بىر ئاددىي ئىشنى ياخشى ئىشلەيمىز

«شارت ـ شۇرت، شارت ـ شۇرت...» 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سائەت 7 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىدىكى مۇھىت تازىلىق ئىشچىسى خېلىل سەلەي قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئاچچىق شامىلىغا قارىماي، بۇرۇنقىدەكلا بىر كۈنلۈك تازىلىق خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدىن ئۇنىڭ ھەربىر كىشىلەر توپىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، مەن ناھايىتى تەسىرلەندىم، قەلبىم ئىللىقلىققا تولدى.» خېلىل مۇنداق دېدى: مەن بىر ئاددىي مۇھىت تازىلىق ئىشچىسى، شەھەرنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك بولۇشى مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن خىزمەت ئورنۇمدا ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئۈرۈمچىنى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزىمەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

«شىنجاڭ كەلگەنلەر كەتكۈسى كەلمەيدىغان جاي ئىكەن»

چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ

□ **مۇخبىرىمىز يۈ شى**

«خەۋەردىن كۆرۈشۈمچە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى 11 ئېيىدا، جۇڭگو شىنجاڭ كۇتۇۋالغان ساياھەتچى 208 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشقان، بۇ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئالتۇن مەزگىلدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ» دېدى 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ داشۆ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۆيۈەنى ساياھەت باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئالبىكوۋا دالىيا مۇخبىرغا.

ئالبىكوۋا دالىيا رۇسىيەنىڭ يېكاتېرىنبۇرگ شەھىرىدىن كەلگەن. 2018 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۇ تۇنجى قېتىم جۇڭگوغا كېلىپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان. كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن شۇنچە كۆپ «ئويلاپ باقمىغان»لارغا دۇچ كەلگەن.

بىرىنچى «ئويلاپ باقمىغان» ئىشى ئۈرۈمچىنىڭ رەڭدارلىقى بولدى.

دەسلەپ كەلگەندە، ئالبىكوۋا دالىيا ئۈرۈمچى شەھەر رايونىغا كىرىپ، ھەيرانلىق بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۆزئارا گەرەلشىپ كەتكەن ئاسما كۆۋرۈكلەر بولۇپلا قالماي، يەنە قاتار ـ قاتار ئېگىز بىنالارنىڭ بارلىقىنى، «خەلقئارا تۈس»كە تولغانلىقنى كۆردى.

ئىلگىرى، ئالبىكوۋا دالىيانىڭ شىنجاڭغا بولغان تونۇشى ئاساسەن ھەيۋەتلىك مەنزىرە ۋە تاتلىق مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى. شىنجاڭ بىلەن پىششىق تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇ، ئۇلارنىڭ پەقەت شىنجاڭنىڭ ئاز بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ يەنە كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرى بارلىقىنى بايقىدى.

«مەن ئىلگىرى خۇشەنگە چىقىپ، ئۈرۈمچىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە تارتقان. شەھەرنىڭ چىراغلار چاقناپ تۇرغان كېچىلىك مەنزىرە سۈرەتلىرىنى ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە تارقاتقاندىن كېيىن، دوستلىرىم بەس ـ بەستە ئالقىشلىدى.» ئالبىكوۋا دالىيا مۇنداق دېدى: يۇرتۇمدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر: ئۈرۈمچىنىڭ بۇنداق چىرايلىق، بۇنداق زامانىۋى ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمىز، دېيىشتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 9 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى

مول كېڭەشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىلىرى ئارقىلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى نامايان قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 9 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا كادىرلار ئىشلىرىغا ئالاقىدار چۈشەندۈرۈش ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئالاقىدار كادىرلار ئىشلىرى ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنى پات ئارىدا ئېچىلىدۇ. سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك سۆز ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق، بارلىق ئەزالارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

يۆلۈك پىششىقلاش زاۋۇتىدىكى بەختلىك ئىشلار

□ **مۇخبىرىمىز ياڭ شۈخەن**

2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى يېزىسى شولاق كەنتىگە جايلاشقان ئېبرخۇن يېمەكلىك زاۋۇتى سېتىش بۆلۈمىدە، قۇياش نۇرى پاكىز دېرىزىدىن ئۆتۈپ مال ساتقۇچى ئېپارگۈل نۇرمەمەتكە چۈشتى، ئۇ بىر ھەپتىلىك زاكاز تالونىنى بىرخەت ـ بىرخەتتىن يېزىپ خاتىرىلەۋاتاتتى. ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ دەرھال ئالدىغا چىقتى، ئۇ مۇخبىرغا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بىز ئىشلەپچىقارغان يۆلۈكتە ئەسلى ئېكولوگىيەلىك ئەترگۈل گۈلقەنت، چوڭ مېغىزلىق ياڭاق ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مەززىلىك، يېپىشقاق، تەملىك...»

ئېپارگۈل ئىلگىرى ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرسىلا ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئائىلە ئايالى ئىدى، ھالبۇكى بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ ئىچىدىن سىرتىغىچە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى: مودا كىيىنىش، نەپىس گىرىم قىلىش، گەپ ـ سۆزدە ئەركىن ـ ئازادە بولۇش، ئىش قىلغاندا تەرتىپلىك بولۇش. بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش يالغۇز ئېپارگۈلدىلا بولۇپ قالماي، يەنە يېمەكلىك زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان 17 ئاچا ـ سىڭىلدىمۇ بولدى.

بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتىنىڭ شولاق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ھەمدە ئائىگۈل يۈسۈپنىڭ كەنتتە يېڭىدىن ئاچقان ئېبرخۇن يېمەكلىك زاۋۇتى ئېلىپ كەلگەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئەزالار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. □ مۇخبىرىمىز شېي لۇك فوتوسى

شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى مۇقىم ئاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر سۈن شاۋشيۇڭ) مۇخبىرنىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى 11 ئېيىدا، شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 197 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.8% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 127 مىليارد يۈەن بولۇپ، 8.1% ئاشقان؛ ئىمپورت سوممىسى 70 مىليارد 190 مىليون يۈەن بولۇپ، 4.4% ئاشقان، سودا ئاكتىپ بالانسى 56 مىليارد 810 مىليون يۈەن بولۇپ، 13.2% كېڭەيگەن.

ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى ياۋروپا ـ ئاسىيا رايونىدىكى رايون ئىقتىسادى بىر گەۋدىلەشكەن تەشكىلات، ئەزا دۆلەتلەردىن رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، بېلارۇسىيە ۋە ئەرمېنىيە بار بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ھەمكارلىق ھەمراھلىرى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى بۈگۈن ئېچىلدى

قول تۇتۇشۇپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ مۇجەسسەملەيلى

—— ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

شىنجاڭ گېزىتى باش ماقالىسى

لەپىلدەپ قار يېغىپ باھار كۈتۈۋېلىندى، كاتتا يىغىن كېلىشۇالغاندەكلا يېتىپ كەلدى. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئۈمىدى يۈكلەنگەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى بۈگۈن داغدۇغىلىق ئېچىلدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات چوڭ پىلانىنى ئورتاق كېڭەشىدۇ، بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش، بىز يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز!

يىللار تۇرمايدۇ بىر ئىزدا ساقلاپ، ۋاقىت ئۆتىدۇ تىنماي يورغىلاپ. 2019 ـ يىلىغا نەزەر سالساق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بايراق كۆتۈرۈپ يۆنىلىشنى بەلگىلىگەنلىكى، رولچى بولۇپ يول باشلىغانلىقىدىن بولدى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ شانلىق يېتەكلىشى، ئىلمىي يېتەكچىلىكىدىن بولدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، سەمىمىي غەمخورلۇقىدىن بولدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكى، زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىدىن بولدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلقنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىدىن بولدى، شۇنداقلا بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى

新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP